## 234187 ـ مەسچىتتە بامدات نامىزى ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلسا، قانداق قىلىش كېرەك؟

### سوئال

ئۆز ئىشەنچىمىز ۋە ئەمەلى دەلىل-پاكىتلارغا ئاساسەن شەھرىمىزدە ناماز ۋاختىنى بىكىتىشتە چوڭ خاتالىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى بامداتنىڭ ئەزىنىنى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئوقۇش، (يەنى بامداتنىڭ ۋاختى كىرىشتىن يىرىم سائەت بۇرۇن ئەزەن ئوقۇلىدۇ) بىز مەسچىتتە جامائەت بىلەن نەپلە نىيتى بىلەن ناماز ئوقۇيمىز، ئاندىن ئەزاننى قايتا ئوقۇپ، بامداتنىڭ پەرز، سۈننەتلىرىنى ئۆيىمىزگە قايتىپ ياكى مەسچىتنىڭ سىرتىدا قايتا ئوقۇيمىز، بىز تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئوچۇق بىلىشنى مەخسەت قىلىمىز:

1-بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىز توغرىمۇ؟.

2- پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە: سىلەر بىر بۆلۈك كىشىلەرگە ئۇچرايسىلەر، ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاختىنىڭ غەيرىدە ئادا قىلىدۇ، سىلەر ئۇلارغا ئۇچراشقان ۋاقىتتا، نامازنى بىلگىنىڭلارچە بويىچە ئۆز ۋاختىدا ئوقۇڭلار، ئاندىن ئۇلار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇڭلار، ئۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇغان نامازنى نەپلە قىلىڭلار دېيىلگەن، بىزنىڭ پىتنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن يەنە قايتا ئوقۇغۇنىمىز ئاشۇ ھەدىسنى توغرا چۈشەنگەنلىكىمىزمۇ؟.

3-بەزى ئۆلىمالار: "شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە نامازنىڭ ۋاختى كىردى دەپ قارىغان ئىمام بىلەن ناماز ئوقۇغاندا، ئوقۇغان ناماز دۇرۇس بولىدۇ" دەيدۇ، ئەگەر سىزنىڭ قارىشىڭىزدىكى دەلىل مەسچىت ئىمامىنىڭ قارىشىغا زىت بولسىمۇ بولامدۇ؟.

4-بامداتقا ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىت توغرىسىدىكى تەپسىلى قاراش قايسى؟، قاراڭغۇلۇق ۋاقتىمۇ ياكى يورىغان ۋاقتىمۇ ياكى شەرقتىن قىزىللىق پەيدا بولغان ۋاقتىمۇ ياكى باشقا ۋاختى بارمۇ؟.

5-بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مۇشۇنداق، بىزگە مەنپەئەتلىك بولغان توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولساڭلار، ئاللاھ تائالادىن: سىلەرنىڭ قىسقا ۋاقىتتا بىزگە جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياردەم بەرسۇن، سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلارغا بەرىكەت بەرسۇن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ سوئالنى ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز ئابدۇرەھمان بەرراكقا يوللىغان ئىدۇق، ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: "سوئالدا

بايان قىلىنغانىدەك نامازنى ۋاختىدىن بۇرۇن ئوقۇغانلىقى تەكىتلەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە سىلىشتۇرۇشلىرى توغرا، ئۇلار جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇپ ئاندىن نامازنى ۋاقتى كىرگەندە قايتا ئوقۇيدۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت ئۆز قارشى-گۇمانىغا تايىنىپ، ياكى باشقىلارغا ئەگىشىپ، ئەمەلى دەلىل-ئىسپاتسىز شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارمۇ ئومۇمى جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيدۇ".

سىلەرگە قىلىدىغان نەسىھىتىمىز: بامدات ۋاقتىنى بىكىتىش ئۆچۈن ئىشەنچىلىك ئۆلىمالاردىن بىر جامائەت دەرھال ھەرىكەتكە كىلىپ، نامازنىڭ توغرا ۋاقتىنى كىشىلەرگە ئېلان قىلسۇن، ئەگەر ئۇلار خاتا بىكىتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ئۆچۈن ھەرىكەت قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.